جۇڭگو - ئېكۋاتور گۋىنېيەسى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ ئېكۋاتور گۋىنېيەسى زۇڭتۇڭى ئوبىئاڭ بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئېكۋاتور گۋىنېيەسى زۇڭتۇڭى ئوبىئاڭ بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن ئېكۋاتور گۋىنېيەسىنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقى چوڭقۇر، دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 50 يىلدىن بۇيان، خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىككى تەرەپ باشتىن - ئاخىر سەمىمىي دوستانە ئۆتۈپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە بىر - بىرىنى قەتئىي قوللىدى، ئەمەلىي ھەمكارلىق نەتىجىلىرى مول بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە ئەمەلىي بەخت - سائادەت ئېلىپ كەلدى. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو ئېكۋاتور گۋىنېيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئافرىقا دۆلەتلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاياتىي، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداپ، جۇڭگو - ئافرىقا دوستلۇقىغا يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن قوشتى. مەن جۇڭگو - ئېكۋاتور گۋىنېيەسى مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، زۇڭتۇڭ ئوبىئاڭ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچنى مۇستەھكەملەپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ۋە جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى رامكىسى ئىچىدىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو - ئېكۋاتور گۋىنېيەسى مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى دۆلەت خەلقىگە بەخت يارىتىشنى خالايمەن.

ئوبىئاڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 50 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلەپ، باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئورتاق ھەمكارلىشىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقتا مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئېكۋاتور گۋىنېيەسى جۇڭگو بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان تارىخىي كەچۈرمىشكە ئىگە، ھازىر خەلقئارا جەمئىيەت ئېغىر، زور خىرىسقا دۇچ كەلگەندە، ئىككى دۆلەت ئورتاق مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىلىك، سۆزلىشىش، كېڭىشىش ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشماسلىق پىرىنسىپىنى قوغداپ، ئورتاق مەنپەئەتنى قوغدىدى. ئېكۋاتور گۋىنېيەسى تەرەپ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن مەمنۇن، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ھەمكارلىقنى داۋاملىق كېڭەيتىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەشنى خالايدۇ.

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 20 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «مەملىكەتلىك يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنداق تەكىتلەندى: يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكى تولۇق نامايان قىلىندى، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ كۈچى تولۇق نامايان قىلىندى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر ئاساسى تولۇق نامايان قىلىندى، جۇڭگودىن ئىبارەت مەسئۇلىيەتچان چوڭ دۆلەتنىڭ ئاڭلىق مەسئۇلىيەتچانلىقى تولۇق نامايان قىلىندى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى، ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇلدى، بۇ، مۇقەررەر ھالدا بىزنى يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ مەيدان ئېغىر يۇقۇم بىلەن بولغان ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشتا، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان قورقماس جاسارىتى ئارقىلىق، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، پۈتۈن مەملىكەت بىر نىيەتتە بولۇش، پىداكارلىق كۆرسىتىش، ئىلىم - پەنگە ھۆرمەت قىلىش، تەقدىرداش بولۇشتەك يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى تاۋلىدى. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھى جۇڭخۇا مىللىتى ئۇزاقتىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن ئالاھىدە تەبىئىي تالانت ۋە مەدەنىيەت گېنى بىلەن تومۇرداش، ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزىم، سوتسىيالىزملىق روھنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ئۇ جۇڭگو روھىنىڭ جانلىق شەرھلىنىشى بولۇپ، مىللەت روھى ۋە دەۋر روھىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى بېيىتتى.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى يەنە بىر قېتىم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىدە بار بولغان تەڭداشسىز قۇدرەتلىك رەھبەرلىك كۈچى بوران - چاپقۇن ھۇجۇم قىلغاندا جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يۆلەنچۈكى؛ جۇڭگو خەلقىدە بار بولغان تىز پۈكمەس ئىرادە كۈچى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق جاپا - مۇشەققەت، خەۋپ - خەتەر، توسالغۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى كۈچ مەنبەسى؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە بار بولغان روشەن ئەۋزەللىك خەۋپ - خەتەر، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇش، دۆلەت ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى؛ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان جۇغلانغان مۇستەھكەم دۆلەت كۈچى دەھشەتلىك دولقۇنلارغا بىمالال تاقابىل تۇرۇشتىكى چوڭقۇر ئاساس؛ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە بار بولغان قۇدرەتلىك مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەش، خەلق كۈچىنى ئۇيۇشتۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ؛ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشتا بار بولغان كەڭ چاقىرىق كۈچى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشى، تېخىمۇ گۈللەنگەن، گۈزەل دۇنيا قۇرۇشىدىكى توغرا يول.

ماقالىدە مۇنداق تەكىتلەندى: «ئىرادىلىك، ئالىيجاناب كىشىلەر ئىلگىرىلەشكە ئىنتىلىپ، توختىماي ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ مەڭگۈ توختاپ قالمايدۇ.» 5000 يىلدىن ئارتۇق مەدەنىيلىك تەرەققىياتىنىڭ جاپالىق، شانلىق مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەن جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتى جەزمەن يېڭى دەۋرنىڭ ئۇلۇغ مۇساپىسىدە يول بويى ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ، ھەرقانداق كىشى، ھەرقانداق كۈچ جۇڭگو خەلقىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ!

# تېخىمۇ كۆپ «باھار ھېكايىسى»نى داۋاملىق يېزىش

—— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشقانلىقى ھەم گۇاڭدۇڭدا تەكشۈرۈشتە بولغانلىقى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ شياۋسۇڭ، جۇ جىچەي، خەلق گېزىتى مۇخبىرى دۇ شاڭزې

گۇاڭدۇڭنىڭ شىمال تەرىپى نەنلىڭ تېغىغا، جەنۇب تەرىپى نەنخەي دېڭىزىغا يۈزلەنگەن، قەدىمدىن تارتىپ دېڭىز يىپەك يولىنىڭ باشلىنىش ئورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاقتىن بۇيان ئېقىمنىڭ ئالدىدا مېڭىپ كەلمەكتە. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋر چوڭ دولقۇنىدا، بۇ مۇنبەت تۇپراق جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ دەۋرگە يېتىشىۋېلىش، بېيىش - قۇدرەت تېپىشقا قەدەم قويۇش ئۇلۇغۋار مۇساپىسىگە گۇۋاھ بولدى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئىسلاھ قىلىش - يېڭىلىق يارىتىش، يېڭى يول ئېچىشتەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مۆجىزىسىنى جانلىق شەرھلەپ بەردى.

شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى دەل دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىكى دەسلەپكى نادىر ئەسەر.

2012 - يىلى 12 - ئايدا، پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن تۇنجى قېتىم بېيجىڭدىن ئايرىلىپ تەكشۈرۈشتە بولغاندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دەل بۇ يەرگە كېلىپ، «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش» سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقى چىقاردى.

2018 - يىلى 10 - ئايدا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بۇ يەرگە كېلىپ، «داۋاملىق ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىپ، تىرىشىپ دۇنيا يېڭىچە نەزەردە قارايدىغان يېڭى، تېخىمۇ زور مۆجىزىلەرنى يارىتىش»قا چاقىرىق قىلدى.

2020 - يىلى 10 - ئايدا، شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ، تەبرىكلەش يىغىنىغا قاتناشتى ھەم چاۋشەن رايونىدا تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە قايتا ئاتلىنىشنىڭ دەۋر كۈچلۈك ساداسىنى ياڭراتتى —— «توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى، بوران - چاپقۇنمۇ توسۇيالمايدىغان روھىي ھالەت بىلەن، ئىسلاھاتنى توختىتىپ قويماي، ئېچىۋېتىش قەدىمىنى توختىتىپ قويماي، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك».

نەنخەي دېڭىزى ساھىلىدا، يەنە باھار دولقۇنى مەۋج ئۇردى.

## «جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئېسىل نامايەندىسى»

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، «باھار ھېكايىسى»نىڭ كىشىلەرگە تونۇش ھەم چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببەتكە تولغان مېلودىيەسى شېنجېن چيەنخەي خەلقئارا يىغىن مەركىزىدە ياڭرىدى. شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنى بۇ يەردە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

«40 يىللىق باھار شامىلى ۋە شىپالىق يامغۇر، 40 يىل باھاردا چېچەكلەپ كۈزدە مېۋە بېرىش. ئەينى يىلى شېكوۋدىكى تاغ ئېچىش زەمبىرىكىنىڭ ئاۋازى ھېلىھەم قۇلاق تۈۋىمىزدە ياڭرىماقتا، بۈگۈنكى كۈندىكى شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى ھاياتىي كۈچكە تولدى، دۇنياغا دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ قۇدرەتلىك ئۇلۇغ كۈچىنى نامايان قىلدى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ پارلاق ئىستىقبالىنى نامايان قىلدى».

بىر سائەتكە يېقىن داۋاملاشقان مۇھىم سۆزدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى ئىشقا ئاشۇرغان تارىخىي ھالقىشنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئەسلىدى، ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايوننىڭ 40 يىللىق ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشتا جۇغلىغان قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى، يېڭى دەۋردىكى شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلۇشىغا ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قايناق ھېسسىياتقا تولغان سۆز پۈتۈن مەيداندىكىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

يىغىندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئالدىن يۈرۈش، ئالدىن سىناشتىن ئالدىن يۈرۈش ئۈلگىسى كۆرسىتىشكىچە —— شېنجېن ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش كۆرگەزمىسى»نى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، شېنجېننىڭ 40 يىلدىن بۇيانقى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

كۆرگەزمە زالىدا، شېنجېننىڭ كونا - يېڭى سۈرەتلىرى سېلىشتۇرمىسىدىن تەشكىللەنگەن «ۋاقىت —— بوشلۇق تونېلى» باش شۇجىنىڭ دىققىتىنى تارتتى —— «1962 - يىلى شياڭگاڭدىن شېنجېنغا نەزەر —— 2020 - يىلى شياڭگاڭدىن شېنجېنغا نەزەر» «1982 - يىلى ۋۇتۇڭ تېغىدىن شېنجېن شەھەر رايونىغا يىراقتىن نەزەر —— 2020 - يىلى ۋۇتۇڭ تېغىدىن شېنجېن شەھەر رايونىغا يىراقتىن نەزەر»…

«ھەقىقەتەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بوپتۇ!» ھازىر بىلەن ئۆتمۈشنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىن باش شۇجى چوڭقۇر ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: «40 نەچچە يىل ئىلگىرى، مەن شېنجېنغا كېلىپ، جۇڭگو - ئەنگلىيە كوچىسىغا بېرىپ، ئىككى تەرەپتىكى پەرقنىڭ ھەقىقەتەن زورلۇقىنى كۆرگەنىدىم، بىر تەرەپتە ئەسكى ياغاچ ئۆيلەر بولسا، يەنە بىر تەرەپتە ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلغان ھەشەمەتلىك كىچىك داچىلار بار ئىدى. ئەينى چاغدا پۇقرالارنىڭ تۇرمۇش ۋە تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ھېس قىلغانىدىم».

«ۋاقىت - بوشلۇق تونېلى» نىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى ئېلېكترونلۇق ئېكراندا، يىل سانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شېنجېننىڭ دۆلىتىمىز ئىچىدىكى باشقا ئاساسلىق شەھەر، رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان تۈۋرۈكسىمان ئىسخېمىسى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

«شېنجېننىڭ ئىقتىساد ئومۇمىي مىقدارى ئاسىيادىكى شەھەرلەر ئىچىدە 5 - ئورۇندا تۇرىدۇ. دەسلەپتە بۇ رەت تەرتىپنى كۆرگەندە، مەن ئانچە ئىشەنمىگەنىدىم، لېكىن ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، بۇ سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىشەنمەي تۇرالمىدىم. مانا بۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ كۈچى، كېيىنكى قەدەمدە غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇش كېرەك».

لىيەنخۇاشەن تېغىدا كۈزنىڭ مەيىن شامىلى كىشىگە راھەت بېغىشلايتتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تاغ چوققىسىدىكى سۇپىدا قەد كۆتۈرگەن مىس ھەيكىلى ئايىغى ئاستىدىكى بۇ تۇپراققا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن نەزەر سېلىپ تۇراتتى، سالماق قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان قىياپىتى كىشىلەرنى داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇراتتى.

2012 - يىلى 12 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ لىيەنخۇاشەن تېغىغا چىقىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىس ھەيكىلىگە گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلدى ھەم يىراق بولمىغان جايغا ئۆز قولى بىلەن بىر تۈپ گاۋشەنرۇڭ كۆچىتى تىكتى.

2020 - يىلى 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ يەنە بىر قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ گۈل سېۋىتى تەقدىم قىلىپ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە مىس ھەيكەلگە ئۈچ قېتىم تەزىم قىلىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭغا بولغان ئالىي ئېھتىرامى ۋە چوڭقۇر سېغىنىشىنى بىلدۈردى.

تاغ چوققىسىدىكى سۇپىدا تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ شېنجېننىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىگە نەزەر سالدى، كۆز ئالدىدا رەت - رەت ئاسمان پەلەك ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ، زامانىۋى چوڭ شەھەرنىڭ يارقىن ئۈزۈك سىزىقىنى سىزىپ چىققانىدى. خۇددى باش شۇجى تەبرىكلەش يىغىنىدا ئېيتقانىدەك: «شېنجېن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن پارتىيە ۋە خەلق بىر قوللۇق بەرپا قىلغان يېپيېڭى شەھەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ بىر ۋاراق ئاق قەغەزدىكى ئېسىل نامايەندىسى».

«40 يىللىق تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرگەن شېنجېن يەنىلا ياش شەھەر بولۇپ، جۇش ئۇرۇپ ئالغا ئىنتىلمەكتە، گۈللىنىپ راۋاجلانماقتا.» باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغان شەھەر ئاھالىسى، ئاممىغا مۇنداق دېدى: «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونغا يېڭى ماھىيەتلىك مەزمۇن ۋە بۇرچ يۈكلىدى. بىز پات ئارىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىغا 100 يىل بولغاندا، بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىپ، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىمىز، ئۇ چاغدا شېنجېن يەنە باشقىچە تۈسكە كىرىدۇ. شېنجېننىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى كۈنگە كېلىشىدە كۆپچىلىككە تايانغان، شېنجېننىڭ كەلگۈسىدە يەنە كۆپچىلىكنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا تايىنىمىز».

سەككىز يىل ئىلگىرى تىكىلگەن ئاشۇ بىر تۈپ گاۋشەنرۇڭ كۆچىتى ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ، شاخ - يوپۇرماقلىرى بۈك - باراقسانلىشىپ، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ دەرەخ تۈۋىگە كېلىپ، چوڭقۇر ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «سەككىز يىل ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. ياخشى جايىنى تاللاپتۇق، دەرەخ شاخلىرى غۇلاچ تاشلاپ، دەرەخمۇ تېز ئۆسۈپتۇ».

## «تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش يولىدا مېڭىش»

چاۋجوۋ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ فارفۇر بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىش - ئېكسپورت بازىسى. 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ جايدا فارفۇر بۇيۇمغا تايىنىپ روناق تاپقان ئېلېكترونلۇق زاپچاس ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى —— چاۋجوۋ سەندخۇەن (گۇرۇھ) پاي چەكلىك شىركىتىدە تەكشۈرۈشتە بولدى.

«بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئالدىڭلارغا تەتقىق قىلىپ ئاچتىڭلارمۇ؟ بازار ئىگىلەش نىسبىتى قانداقراق؟» باش شۇجى شى جىنپىڭ بىر پارچە فارفۇر ئاساس تاختىسىنى قولىغا ئېلىپ كۆرگەچ سورىدى.

كارخانا مەسئۇلى باش شۇجىغا شىركەتنىڭ نۆۋەتتىكى 90%تىن كۆپرەك ئۈسكۈنىسىنى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئاچقانلىقىنى، رېزىستورغا ئىشلىتىلىدىغان فارفۇر ئاساسىي گەۋدىسى قاتارلىق كۆپ خىل يېتەكچى مەھسۇلاتلارنىڭ بازار ئىگىلەش نىسبىتىنىڭ پۈتۈن يەر شارى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ كارخانىنىڭ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

«ئالدىنقى يېرىم يىلدا 500 مىليون يۈەندىن ئارتۇق پايدا ياراتتۇق» دېدى كارخانا مەسئۇلى تونۇشتۇرۇپ.

تامدىكى «تەرەققىيات بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە، ئىختىساسلىقلار بىرىنچى بايلىق، يېڭىلىق يارىتىش بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ» دېگەن پىلاكاتقا قاراپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ بېشىنى لىڭشىتقىنىچە: «سىلەر بۇ بىرنەچچە جۈملە سۆزنى ناھايىتى تولۇق چۈشىنىپسىلەر» دېدى.

باش شۇجىنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، كارخانا خىزمەتچىلىرى بەس - بەستە يېتىپ كېلىپ چۆرىدەپ تۇردى.

«كارخانىڭلار ياخشى باشقۇرۇلۇپتۇ، يېڭىلىق يارىتىشىڭلار مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.» باش شۇجى شى جىنپىڭ قەدىمىنى توختىتىپ مۇنداق دېدى: «ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش مەن ھازىر ئەڭ ئەھمىيەت بېرىۋاتقان، شۇنداقلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەڭ ئەھمىيەت بېرىۋاتقان ئىش. كارخانىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىقتىسادنى يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىشقا تايىنىدۇ. ھازىر بىز 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىمىز، رىقابەت ۋە تۈرلۈك خىرىس، بېسىملارغا دۇچ كېلىشتىن ساقلىنالمايمىز، بۇنداق ئەھۋالدا بىز تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك».

«تارىخ ھامان بۇرمىسىمان ئىلگىرىلەيدۇ. ئىلگىرى بىزنىڭ ئېچىۋېتىشىمىز ‹ئەگىشىپ يۈگۈرۈش› ئىدى، ھازىر بىزنىڭ ئېچىۋېتىشىمىز ‹يېتەكلەپ يۈگۈرۈش› بولۇشى كېرەك، بۇ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش.» باش شۇجى ئۇلاپلا مۇنداق دېدى: «بىز دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىن ئىبارەت قوش ئايلىنىش بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى تېز شەكىللەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، كۆپچىلىكنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك مەقسىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، چوڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەندىزە ئىچىدىن ئۆزىنىڭ ئورنىنى توغرا تېپىپ، ياخشى تاللاپ، دۆلەتنىڭ بېيىشى، قۇدرەت تېپىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆز تۆھپىسىنى قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن».

## «بۇ شەھەرنى سۆيگەن ئىكەنمىز، ئۇنى ياخشى ئاسرىشىمىز، ياخشى قۇرۇشىمىز كېرەك»

چاۋجوۋنىڭ قەدىمدىن تارتىپ «لىڭدۇڭدىكى تۇنجى شەھەر» دېگەن نامى بار.

مىڭ يىللىق قەدىمىي كۆۋرۈك گۇاڭجى كۆۋرۈكى ساھىلىدا، گۇاڭجى راۋىقى ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرگىنىچە، دەريانى بويلاپ تاغنى تىزگىنلەپ، شەھەرنى قوغداپ، كۆۋرۈكنى ساقلاپ تۇرىدۇ. 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ قەدىمىي كۆۋرۈك، قەدىمىي شەھەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قوغداش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈردى.

گۇاڭجى راۋىقى كۆرگەزمە زالىدىكى ھەربىر پارچە چاۋجوۋ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى ئەسىرى تولىمۇ كۆركەم، تەڭداشسىز ئىدى.

«ھەقىقەتەن نەپىس ئىكەن!» «بۇنىڭغا نۇرغۇن زېھنىي كۈچ ۋە ۋاقىت سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغۇ دەيمەن!» «چاۋجوۋلۇقلار ھۈنەرۋەن دېگەن نامغا ھەقىقەتەن لايىق ئىكەن!» باش شۇجى ئارقا - ئارقىدىن ماختىدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)